# ئى ئاللاھ!، ئەييياش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئەنى، سەلەمە ئىبنى ھىشامنى، ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋە ئاجىز مۆمىنلەرنى قۇتقازغىن، مۇزەر قەبىلىسىنى قاتتىق جازالىغىن، ئۇلارغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكىدەك قەھەتچىلىك بەرگىن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى رەكەتتە رۇكۇدىن تۇرغاندا: «ئى ئاللاھ!، ئەييياش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئەنى، سەلەمە ئىبنى ھىشامنى، ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋە ئاجىز مۆمىنلەرنى قۇتقازغىن، مۇزەر قەبىلىسىنى قاتتىق جازالىغىن، ئۇلارغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكىدەك قەھەتچىلىك بەرگىن» دەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «غىپار قەبىلىسىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن» دەيتتى، ئىبنى ئەبۇ زىناد ئۆزىنىڭ دادىسىدىن قىلغان رىۋايىتىدە: بۇنىڭ ھەممىسى بامدات نامىزىدا بولغان دىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكەتتە رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن: «ئى ئاللاھ!، ئەييياش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئەنى، سەلەمە ئىبنى ھىشامنى، ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋە ئاجىز مۆمىنلەرنى قۇتقازغىن» دەپ، ئاشۇ ساھابىلارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشى ۋە نىجات تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى، ئۇلار مەككە كاپىرلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئىدى، ئىياش ئىبنى رەبىئە ئەبۇ جەھلىنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنى ئەبۇ جەھىل مەككىدە سولاپ قويغان، سەلەمە ئىبنى ھىشام بولسا ئەبۇ جەھلىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بولۇپ، ئۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، ئاللاھ يولىدا كۆپ ئازاب چەككەن ۋە ھىجرەت قىلىشتىن چەكلەنگەن، ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد بولسا خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بولۇپ، مەككىدە قامالغان كېيىن قېچىپ چىققان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! مۇزەر قەبىلىسىنى قاتتىق جازالىغىن، ئۇلارغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكىدەك قەھەتچىلىك بەرگىن» دەيدۇ، يەنى: ئى ئاللاھ!، مۇزەر قەبىلىسىدىن بولغان قۇرەيش كاپىرلىرىنى قاتتىق ئازابلىغىن، ئۇلارغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قەھەتچىلىك بولغاندەك، ئۇلارغىمۇ يەتتە يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قەھەتچىلىك ئەۋەتىپ جازالىغىن. «وطأتك» «پۇت بىلەن دەسسەش» دىگەن مەنىسىمۇ بار بولۇپ، بۇ ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ھىساپلىنىدۇ، لېكىن ئىلگىركى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ھېچبىرى بۇ سۈپەتنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ھىسابلىغانلىقىنى تاپالمىدىم، شۇڭا دەسسەش دىگەندىن قاتتىق ئازاب مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇ ئاللاھقا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ قىلغانلىقى ۋە بەلگىلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر، ئاللاھ ياخشى بىلگۈچىدۇر. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «غىپار قەبىلىسىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن»، بۇ دۇئا ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بولىشىمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىش بولىشىمۇ مومكىن، «ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن»، بۇمۇ ئاللاھدىن ئۇلارنى سالامەت قىلىشىغا ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا بۇيرىماسلىقىغا قىلىنغان دۇئا بولىشىمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۇرۇشتىن چەكلەش بىلەن سالامەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىش بولىشىمۇ مومكىن. بۇ ئىككى قەبىلىگە خاس دۇئا قىلىنىشىدىكى سەۋەپ: غىپار قەبىلىسى بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، ئەسلەم قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تىنچ ئۆتكەن. ئەبۇ زىناد ئۆزىنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ: بۇ دۇئانىڭ ھەممىسى بامدات نامىزىدا بولغان دەيدۇ، يەنى: ئۇ بۇ ھەدىسنى دادىسىدىن مۇشۇ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلىپ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان دۇئانىڭ بامدات نامىزىدا ئوقۇلغان قۇنۇت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن